# 144986 ـ ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت پۇلىغا قۇربانلىق سېتىۋالسا دۇرۇس بولامدۇ؟

### سوئال

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئائىلىق كىرىمى چەكلىك بولغان كىشىلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك سېتىۋېلىشى ئۈچۈن كارت تارقىتىپ بېرىدۇ، مەزكۇر كارتنى قۇربانلىق ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋېلىشقا ئىشلەتسە توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: ئالدى بىلەن سوئالدا بايان قىلىنغان نەرسە-كېرەك سېتىۋالىدىغان كارتقا ئالاقىدار بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەم پروگراممىسى توغرىسىدا تۆۋەندە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز:

1-يېمەك-ئىچمەك كارتى. بۇ ئىشنى ئامېرىكا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ يولغا قويغان.

2- بۇ لاھىيە: "يېمەكلىكنى تولۇقلاشقا ياردەم بېرىش پىروگراممىسى"دېگەن ئىسىم بىلەن روي خەتكە ئالدۇرۇلغان.

3-ئامېرىكىدا بۇ پروگراممىغا مەسئۇل بولغان ئورۇن: "زىرائەت مىنىستىرلىكى".

4- ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ رەسمى كارت شەكلىگە كەلگەن بولۇپ، ھەر ئايدا 100$ دوللار ئەتراپىدا پۇل قاچىلىنىدۇ.

5-بۇ پروگراممىا كۆندىلىك تۇرمۇشتا يېمەك- ئىچمەكتىن قىينالغان ياكى ئائىلىق كىرىمى يېتىشمەيدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

6-ئامېرىكىدا بۇ پروگراممىدىن پايدىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمى سانى 36 مىليونغا يېتىدۇ.

ئىككىنچى: مۇسۇلماننىڭ بۇ تۆردىكى كارتىلار بىلەن قۇربانلىق ئۇلاغ سېتىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغان كارت بولۇپ، كەمبەغەللەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى يولغا قويۇلمىغان.

تۇرمۇش شارائىتى ياخشى بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ پروگراممىغا ئەزا بولۇشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا ئۆزى ئۈچۈن ھالال بولمىغان مالنى ئالغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 6357- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.